# 70318 ـ سۇغۇرتا شىركىتىدىن ۋاپات بولغان مېيىت ئۈچۈن تۆلەم پۇلى ئالسا توغرا بولامدۇ؟

## سۇئال

بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ھۆكۈمەت ماشىنىلارنى مەجبۇرى سۇغۇرتا قىلدۇرىدۇ، ماشىنىنىڭ ئىگىسى بۇنىڭدىن ھېچ پايدىلىنالمايدۇ، ئەگەر بۇ ماشىنا مەلۇم بىر كىشىنى سوقۇۋېتىپ، ئۇ كىشى ئېغىر يارىدار بولسا ياكى ئۆلۈپ كەتسە، ھادىسىگە ئۇچرىغان كىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇنى سۇغۇرتا شىركىتىگە سۇنۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ۋاپاتىغا تۆلەم پۇلى ئالىدۇ، بۇنىڭ ماشىنا ئىگىسىگە ئىجابىي ياكى سەلبىي تەرەپتىن ھېچ قانداق تەسىرى بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ شەرىئەتتە بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟، بىلىشىمىزچە، ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ماشىنىنىڭ ئىگىسىنى ئەپۇ قىلسىمۇ لېكىن دۆلەت ئۇ كىشىگە قانۇن بويىچە چارە كۆرىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: تىجارەت سۇغۇرتىسى دېگەن چەكلەنگەن توختامدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە تۈرلىرى ئوخشاشلا چەكلەنگەن بولۇپ ھېچ بىر كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئىشتىراك قىلىشى توغرا بولمايدۇ، پەقەت بۇنىڭغا مەجبۇر بولغان بولسا بۇنىڭ زىيىنى يوق. بۇنىڭ ھۆكمى 8889 نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى: سۇغۇرتا شىركىتىگە ئىشتىراك بولۇشنىڭ چەكلىنىشى، بىرەر ھادىسە يۈز بەرگەندە شىركەتتىن بېرىشى بېكىتىلگەن ھەققنى ئېلىش چەكلەنگەن دېگەنلىك بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خاتا ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ھادىسىدە ۋاپات بولغان كىشىگە ۋەقەگە سەۋەپ بولغۇچى تەرىپىدىن ياكى سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ياكى سۇغۇرتا شىركىتى ياكى باشقا شېركەتلەر تەرىپىدىن بېرىلىدىغان تۆلەم ھەققىنى ئېلىشى چەكلەنمەيدۇ، چۈنكى دىيەتنى ئېلىشقا ھەقلىق كىشىلەر ھەق ئىگىلىرىدۇر، ئۇلار ئىككىنچى بىر تەرەپنىڭ سۇغۇرتا شىركىتى بىلەن بولغان مۇئامىلىلىرىنىڭ توغرا ـ مۇباھ بولۇشىدىن سورالمايدۇ.

بىز ھۆرمەتلىك ئۇستاز شەيخ ئىبنى جەبرىين رەھىمەھۇللاھدىن: سۇغۇرتا شىركىتىدىن تۆلەم ئېلىش توغرىمۇ؟ دەپ سورىساق، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "تۆلەم ئېلىش توغرا، چۈنكى ئىنسان شىركەتكە ئەزا بولغاندا، ئۇنىڭغا بىرەر ھادىسە كۆرۈلسە، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى شىركەت ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىغا كېلىشكەن، ئۇلار تۆلەم بېرىشنى بېكىتكەن ئىكەن بۇنى

ئېلىش كېرەك بولىدۇ، شىركەتكە ئەزا بولغان بىر كىشىنىڭ خاتالىقى سەۋەبىدىن ئۆلۈم ھادىسىسى كېلىپ چىققان بولسا، ئۇ كىشىگە خاتالىق سەۋەبىدىن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ كاپارىتىنى ئۆتەش كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.